# راستچىللىق

[ uyghur ـ ئۇيغۇرچە ـ الأويغورية ]


**پەزىلەتلىك شەيخ ھۇسەين ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئال شەيخ**

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿ الصدق ﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ حسين بن عبد العزيز آل شيخ

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# راستچىللىق

2011-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈندىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۇمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان مۇسۇلمانلارغا "ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالاغا ھەقىقى تەقۋادارلىق قىلىش ئىككى دۇنيادا بەخت-سائادەت تېپىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر" دىگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئومۇمى ئىنسانلار بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە سەمىمى-راستچىل بولىشى زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ كەسكىن ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَقُولُوا۟ قَوْلًا سَدِيدًا ۝٧٠ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَـٰلَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار،الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 69-70 -ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ھەقىقى سەمىمى-راستچىل كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار .» [سۈرە تەۋبە 119-ئايەت]. ھەقىقەتەن راستچىللىق ئىسلام

پرىنسىپىنىڭ چوڭ-كىچىك بارلىق تۈزۈملىرىدە ئۆزگىچە شەكىل بىلەن مەۋجۇتتۇر.

مۇئامىلە ۋە سودا-سېتىق، ئىجتىمائى ئالاقە، كىشىلىك تۇرمۇش قاتارلىق ئىنسان ھاياتىغا باغلىنىدىغان بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلىش بولسا، ئىسلام دىنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە ناچار ئەخلاق قاتارىدىن سانىغان ئىشلاردىندۇر.

ئۆزىنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىنى شەيتان چىرايلىق كۆرسىتىپ، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالغۇچى ئىنسانلارنىڭ، ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە مەزكۇر ئىنسان ئۆز نەپسىنى دەرتلىك ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىپ ئىلىۋالغۇچى كىشىلەر، ئازابقا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆز نەپسىنى بۇنداق ناچار قىلمىش ۋە يامانلىقلاردىن چەكلىمىگەن كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئۆزىنىڭ تىجارەت ئىشلىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مۇئامىلاتلىرىدا ھەرقانداق يول بىلەن بولسۇن ساختىپەزلىك قىلغۇچىلار، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدامچىلارغا قاتتىق ئازاب بېرىش بىلەن قىلغان ۋەدىسىگە مۇۋاپىق كەلگۈچىلەردۇر . چۈنكى ئۇلار ساختىپەزلىك قىلىش ئارقىلىق زېمىندا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلدى . كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلدى . بېخىللىق قىلدى ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلدى .

ساختىپەزلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىش چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى بۇنىڭ بارلىق تۈرلىرى ۋە شەكىللىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان، بۇنداق ئىپلاسلىقتا چىڭىلىپ قىلىش ياكى چۈشۈپ قىلىشتىن ئاغزاكى ئالاھىدە تەكىتلىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى، دۇنيا-ئاخىرەتتىكى ئازابىنىڭ بەك دەرتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن.

سودا-سېتىق، ئىجارە ۋە باشقا شەكىلدىكى تىجارەت ئورۇنلىرىدا ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن ئىسلام دىنى ساختىپەزلىك-ئالدامچىلىقنى كەسكىن چەكلىدى، ئىسلام قانۇنى ساختىپەزلىكنى چەكلەشتە شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئالدامچىلىق-ساختىپەزلىككە ئېلىپ بارىدىغان ياكى سەۋەپ بولىدىغان بارلىق يوللارنى چەكلىدى ۋە ھارام قىلدى. گەرچە بۇ ئىشلار ئالغۇچى-ساتقۇچىلاردىن سادىر بولمىغان تەقدىردىمۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كۆز بوياپچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ساختىپەزلىك-ئالدامچىلىقنىڭ ئەڭ ناچار ۋە ئاقىۋىتى بەك يامان بولغىنى، بەزى قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ياكى شەخسلەرنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تەييار قىلىدىغان قۇرۇلۇشلىرىدا ساختىپەزلىك قىلىشى، سۈپىتى ناچار، چىدامچانلىقى تۆۋەن، تېز بۇزۇلىدىغان قۇرۇلۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشى ياكى ئاددى ئىشنى چوڭ كۆرسىتىپ كۆپلەپ مال-دۇنيا ئۇندۇرۇۋېلىشى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام ئىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنداقلا زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىنسانىيەت ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە خىيانەت قىلىشتۇر.

ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ئورۇنلارنى ياخشى ئىدارە قىلىپ، سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىشقا، ئومۇمى خەلق ئىشلىرىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشكە دەۋەت قىلىدى. چۈنكى رەھبەرلەرنىڭ ئۆز دائىرىسىگە ياخشى قارىماسلىقى ۋە ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا سەل قارىشى ئۇ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى بۇ ئىشلارغا مەسئۇل قىلغان چوڭ رەھبەرلەرگە قىلىنغان زور خىيانەت ۋە ئالدامچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز نەپسىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ بارلىق مۇئامىلاتلىرىدا سەممىي بولىشى كېرەك، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ھەر قانداق خىزمەتنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندىشى، ساختىپەزلىك قىلماسلىقى لازىم، كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇلىرىغا شۇنداقلا ئۆز

نەپسىگە ھىيلە قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، پاك، دىيانەتلىك، ساپ، تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك. كۆنلەرنىڭ بىرىدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بازارغا كىرىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئى تىجارەتچىلەر! (ئۇلار كۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھقا تىكتى) رەسۇلۇللاھ: ئى تىجارەتچىلەر! راستچىللىقنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىدىن قورقۇشنى لازىم تۇتقان تىجارەتچىلەردىن باشقا سودىگەرلەر، پاجىرلار يەنى گۇناھكارلار بىلەن بىرگە تىرىلدۈرۈلىدۇ.» [ تىرمىزى رىۋايىتى ].

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى راستچىللىق بىلەن ئەخلاقلانغىلى مۇيەسسەر قىلسۇن.